ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تەستە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تىرىشىپ پۈتۈن يىللىق تەرەققىيات نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قوللاش سىياستىنىڭ پايدىسىنى قويۇپ بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىقارغان بىر يۈرۈش ماكرولۇق سىياسەتلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىپ، ياخشى پايدىلىنىپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك يۆلەش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار ئىشەنچىسى، جەمئىيەت ئىشەنچىسى، كارخانا ئىشەنچىسىنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياستىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ «قىيىن نۇقتا»لارنى ھەل قىلىشى، «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى تېزلىتىپ، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيانىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمنلەش، سېتىشنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشى، ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ ئۈنۈملۈك راۋانلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمنات زەنجىرى، ئەشيا ئوبوروتى زەنجىرىنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، ئۈنۈمگە يېتىشكە ماسلاشتۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈر قۇرۇلۇشىدا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش»نى چۆرىدەپ، بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى ھەل قىلىپ، تۈرلەردە ئىش باشلاش، قۇرۇلۇشتا ئومۇميۈزلۈك خوتنى يۇقىرىلىتىپ سۈرئەتنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى سىجىل مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئىستېمالنىڭ ئېشىش يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك. كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئەمەلىي ئىستېمالنى پۈتۈن كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەھۋالغا قاراپ يېتەكلەپ، لىنىيە يېڭى ئىستېمالنى زورايتىپ، بازار ئېھتىياجىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، ئىستېمال يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىستېمال كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، بازارنىڭ گۈللىنىشى، ھاياتىي كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇھىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تەمناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنى كۈچەيتىش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش سىياستىنى ئېتىز - ئېرىق بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىرادە، چىدامچانلىقنى ساقلاپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، قىيىنغا تىگىش قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى قەتئىي يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۈندىلىك خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ۋەزىپىنى تەقسىملەپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇپ، دەل جايىدا كۈچەپ، تۈزىتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك تەلتۆكۈس تۈزىتىش كېرەك. كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قەتئىي ساقلىنىش، سان - سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. تەشكىلىي كاپالەتنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئېنىق بولغان ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، بىرمۇبىر رەتلەپ، باھالاش، كۆزىتىشتە بايقالغان ئورتاقلىقتىكى مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ياخشىلاپ، بىرىكمە كۈچنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرى قۇرۇلسا، بىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندىكەن. ئاپتونوم رايونىمىز «ئاۋۋال مېخانىزم ئورنىتىش، ئاندىن قۇرۇلۇش قىلىش» تەلىپى بويىچە، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش تۈر رايونىدا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش - قوغداش تۈزۈمى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قۇرۇش، باشقۇرۇش، قوغداشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تۈزۈلمە مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزنى ياخشى قۇرۇش، ئىشلەتكىلى بولۇش، ئۈنۈم بولۇش، ئۇزاققىچە باشقۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىغا مۇقىم مەبلەغ سېلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر)لەردە بەلگىلىمە بويىچە مالىيەدىن چىقىم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرگە مەبلەغ سېلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىكەن، يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرى، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان كارخانىلار، كەڭ دېھقانلار قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئېتىز قۇرۇلۇشىنىڭ نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەمچىلىك ياردەم پۇلى ئارقىلىق نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

«نۇرغۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئىچىدە، ئەڭ مۇھىمى شىركەتنىڭ ئاشكارا پاي تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىش، بۆلەك يۆتكىلىش مېخانىزمى ئورنىتىش، مەبلەغ سالغۇچىلارغا بولغان شەرتنى تۆۋەنلىتىش. بۇ ئۈچ تۈرلۈك تەدبىرنىڭ ئەڭ تۈپ ئەھمىيىتى شۇكى، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سودىنىڭ جانلىنىشىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى ئۈچ بۆلەكنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ياخشىلايدۇ» دېدى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دۇڭ ۋېنجېڭ.

تېخىمۇ كۆپ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بۇ ئىسلاھات پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، تەۋەلىكىدىكى يېڭى ئۈچ بۆلەك كارخانىلىرىنى تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە توردا كەسپىي تەربىيەلەشكە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئەلا سۈپەتلىك زاپاس كارخانىلارنى قېزىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىۋىسكا ئېسىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى. يېقىندا شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىۋىسكا ئاسقان شىركەتلەرنىڭ ئاشكارا پاي تارقىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى باشلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار خىزمەت تەرتىپلىرىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىۋىسكا ئاسقان كارخانىلار ۋە يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىۋىسكا ئېسىشقا تەييارلىنىۋاتقان زاپاس كارخانىلارنى تەشكىللەپ، مۇناسىۋەتلىك تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ كارخانىلارنى ئۆز ئورنىنى توغرا تېپىپ، كاپىتال بازىرىنىڭ تەرەققىيات يولىغا بالدۇرراق قەدەم بېسىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز» دېدى دۇڭ ۋېنجېڭ.

كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش، ۋىۋىسكا ئېسىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ئىشخانىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشقا سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش مەخسۇس مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق يېتىشتۈرىدىغان زاپاس كارخانا بايلىق ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەن زاپاس كارخانىلارغا پاي ئىسلاھاتى، يېتەكچىلىك قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ۋىۋىسكا ئېسىش، پېيىنى بازارغا سېلىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتە 200 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم پۇلى بېرىپ، يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان كارخانىلارنى كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىغا كىرىپ تەرەققىي قىلىشقا ئاتلاندۇرىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەندۈرىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن، كەسىپ ساھەلىرى نەپەس، ئېغىر كېسەللەر، پەرۋىش قىلىش، تەكشۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى قاتارلىقلارنى قاپلىغان. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شۇ جايدىكى دوختۇرخانا ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن تەجرىبىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، پاكىستان تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە داۋالاش تەرتىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، پاكىستاننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كېسەللەرنى داۋالاش ۋە تەجرىبىخانا خىزمىتىگە قارىتا مەسلىھەت بېرىپ، پاكىستاندىكى تېببىي خادىملار ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خادىملىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىئانە قىلغان داۋالاش - قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان بولۇپ، 10 مىڭ دانە داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان N95 ماسكىسى، 100 مىڭ دانە بىر قېتىملىق داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا، 5000 يۈرۈش داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمى، 12 نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتى، بەش تېترەشنى كۆزىتىش ئەسۋابى، 10 مىڭ پارچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تەجرىبە دورىلىرى قاتارلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ۋە دورا بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ پاكىستانغا ياردەم بەرگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى قونجىراپ پورتىدا چېگرادىن ئۆتتى.

لى پېڭشىن يولغا چىقىش مۇراسىمىدا مۇنداق دېدى: ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى. جۇڭگو بىلەن پاكىستان پۈتۈن ھاۋارايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلاردىن بولۇپ، دۆلىتىمىز پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتقاندا، پاكىستان كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىزنى قوللىدى ۋە ياردەم بەردى. ھازىر پاكىستاندا يۇقۇم ئەھۋالى كۆرۈلدى، بىز ئۆزلۈكىمىزدىن پاكىستان تەرەپكە پائال ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇرچى، مەسئۇلىيىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پاكىستان داۋالاش سەھىيە خىزمەتچىلىرى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، دۈچ كەلگەن كەسكىن خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇق رىشتىنى چىڭىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت خەلق سىلەرنىڭ بالدۇرراق، ئامان - ئېسەن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىڭلارنى كۈتىدۇ.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، مەڭلىك سىيىت يولغا چىقىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك كۆزىتىشى بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىندى:

كۆزىتىش ئۆتكۈر شەمشىرىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلاپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئۆز خەۋەرىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق تۆت ئورگان، كەسپىي ئورۇن ۋە شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق ئالتە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىدا 40 كۈنلۈك مۇنتىزىم كۆزىتىشنى قانات يايدۇردى. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئون كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ئون ئورۇنغا قايتما ئىنكاس قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

بۇ نۆۋەتلىك كۆزىتىشتە، كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، باشتىن - ئاخىر «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى يېڭى دەۋردىكى كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ «تۇتقىسى» ۋە «روھى» قىلىپ، «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» بويىچە نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆزىتىلىدىغان پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى)نىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتى ۋە يادرولۇق فۇنكسىيەسىنى چىڭ كۆزلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە مەسىلىلەرنى كۆپچەپ بايقاپ، ئېغىش پەرقىنى تۈزىتىپ، كۆزىتىش ئۆتكۈر شەمشىرىنىڭ رولىنى نامايان قىلدى.

كۆزىتىشتە مۇنۇلار ئەكس ئەتتى: بەزى كۆزىتىلگەن پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى)نىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى چوڭقۇر ئەمەس؛ بەزى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى)نىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى تولۇق ئەمەس، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى جايىدا بولمىغان، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتە كەمتۈكلۈك بار؛ بەزىلىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇشى، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشى قاتتىق ئەمەس، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرى چەكلەنسىمۇ تولۇق تۈگىمىگەن، «تۆت خاھىش» مەسىلىسى قايتا - قايتا چەكلەنسىمۇ تۈگىمىگەن؛ بەزىلىرىنىڭ بەنزە قۇرۇلۇشى دېگەندەك مۇستەھكەم، كۈچلۈك ئەمەس، كادىرلارنى باشقۇرۇشى قاتتىق ئەمەس، خالىغانچە ئادەم تاللاپ ئىشلەتكەن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاجىزلىشىپ، سۇسلىشىپ، چەتلىشىپ كەتكەن؛ بەزىلىرى ئالدىنقى نۆۋەتلىك كۆزىتىش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتە ئورۇنلاشتۇرما قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەل قارىغان، ئەپلەپ - سەپلەپ تۈزىتىش، تۈزىتىشى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۆزىتىلگەن پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىپ، سىياسىي ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتى)نىڭ شۇجىلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا خىزمەتكە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، شۇ دەرىجىلىكتىن، ئۆزىدىن باشلاپ تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، بېسىمنى قاتلاممۇ قاتلام يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، كۆزىتىش - تۈزىتىش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قايتما ئىنكاس پىكرىگە سېلىشتۇرۇپ بىرمۇبىر رەتلەپ، مەسىلىلەرنى تۈرمۇتۈر تۈزەشكە تۈرتكە بولۇشى ھەم بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىشى كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات تارماقلىرى كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى دائىمىي نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، «تۆت خىل ھالەت»نى دەل جايىدا تەتبىقلاپ، تۈزىتىشنى رەت قىلغان، تۈزىتىشى كۈچلۈك بولمىغان، ساختا تۈزەتكەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەك.

كۆزىتىش جەريانىدا، كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى يەنە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلە يىپ ئۇچى توغرىسىدىكى ئىنكاسلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

چەت ئەلدىن كۆچەت ئىمپورت قىلغاندا زىيانداش جانلىقلارنىڭ تارقىلىپ كىرىش خەۋپ - خەتىرى مەۋجۇت، شۇڭا ئالاقىدار تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش شارائىتىنى ھازىرلىغان بېكىتىلگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەيدانىدا ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 2016 - يىلى، ئالاتاۋ پورتى ئىمپورت قىلىنغان ئۆسۈملۈك كۆچىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى بېكىتىلگەن مەيدان قىلىپ تەستىقلاندى، بۇ، نۆۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ئۆسۈملۈك كۆچىتىنى ئىمپورت قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان پورت ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاتاۋ پورتى پورت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، نۆۋەتتە، بۇ پورت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، ئۆسۈملۈك كۆچىتى، گۆش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار، تىرىك چارۋا، توڭلىتىلغان يېڭى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشتىكى بېكىتىلگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەيدانى ھەمدە ئاپتوموبىللار پۈتۈن ئاپتوموبىل بويىچە ئىمپورت قىلىنىدىغان پورت ھېسابلىنىدۇ.

«نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتى ئاساسىي ئىقتىدار بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. پورت ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلار تېخىمۇ كۆپ كەسىپلەرنى قانات يايدۇرۇشقا جەلپ قىلىنىپ، سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ» دېدى ئالاتاۋ تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن تاموژنا باشلىقى يەن گاڭ.